# شنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 11 - ئاي
14
پەيشەنبە
维吾尔文 11 月14日

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24879 - سان   بۈگۈن 4 بەت


## گرېتسىيەدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇردى

# شى جىنپىڭ باشلىياغا يېتىپ باردى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 - قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، باشلىيا، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تې- لېگراممىسى(مۇخبىرلار چېن ۋېيخۇا، لۇ جيافېي)** شۇ جاي ۋاقتى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن باشلىياغا يېتىپ باردى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 - قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ.

شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشتى، برازىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ برازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو بىلەن سۆھبەتلەشتى



شۇ جاي ۋاقتى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىيادا برازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو بىلەن سۆھبەتلەشتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، باشلىيا، 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار چېن ۋېيخۇا، جاۋ يەن، لۇ جيافېي)** شۇ جاي ۋاقتى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشلىيادا برازىلىيە زۇڭتۇڭى بولسونارو بىلەن سۆھبەتلەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئالدىنقى ئايدا، زۇڭتۇڭ بولسونارو مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگودا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى، بىز ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشلار پائال ئەمەلىيلەشۋاتىدۇ. يېقىندىلا ئاخىرلاشقان 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، برازىلىيەدىن كۆرگەزمىگە قاتناشقان تەرەپنىڭ پۈتۈشۈش سوممىسى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 3.6 ھەسسە ئاشتى، نەتىجىسى كىشىنى خۇشال قىلدۇ. جۇڭگو بىلەن برازىلىيە شەرقىي، غەربىي يېرىم شاردىكى ئەڭ چوڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كەڭ دائىرىلىك ئورتاق مەنپەئەتكە ئىگە. بىز برازىلىيەنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئۈمىد بىلەن قارايمىز، جۇڭگو - برازىلىيە ھەمكارلىقىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچىمىز بار، برازىلىيە بىلەن تەرەققىيات تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايمىز. مەن سىز بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو - برازىلىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ياخشى ئىگىلەشنى، ياخشى يېتەكلەشنى خالايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن برازىلىيە ھەر ئىككىلىسى چوڭ دۆلەت، ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئارىلىششنى كۈچەيتىشى، ئۆزئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. بازارنى ئۆزئارا ئېچىۋېتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، تۆمۈر رۇدىسى، خام نېفىت قاتارلىق ئۇل خاراكتېرلىك مەھسۇلاتلار جەھەتتە ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇقىم، بىۋاستە بولغان تەمىنلەش يوللىرىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئۆز دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ برازىلىيەنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭنىڭ «ئوچۇق ھەمكارلىشىش تەقدىرداش بولۇش» تېمىسىدىكى نۇتقىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان «ئوچۇق ھەمكارلىشىش تەقدىرداش بولۇش» تېمىسىدىكى ئاساسىي مەقسەت نۇتقىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، شۇ كۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلدى.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى قارىشى، يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا مېڭىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك

چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلوڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى، شۇ شيەنمىڭ مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلدى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، «100 قانۇنشۇناس 100 مەيدان دوكلات بېرىش يىغىنى» قانۇنچىللىق تەشۋىقات پائالىيىتىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى قارىشى، يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلوڭ، لى پېڭشىن، لىيۇ ۋەنلوڭ، لى ۋېي، شۇ خەيروڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى رېۋىزىيە ۋە ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى، جۇڭگو قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى شۇ شيەنمىڭ مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى. دوكلاتتا باشتىن - ئاخىر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى قارىشى، يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق يېشىپ بېرىلدى.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ رىياسەتچىلىك قىلىپ بىر قاتار مۇھىم يىغىنلارنى ئېچىپ، بىر قاتار مۇھىم سۆزلەرنى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق نەزەرىيەسىنى ئىجادىي بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى قارىشى، يېڭى ئىدىيەسى، يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى شەكىللەندۈردى، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى»نى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونىمىز «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلدۇ)نى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن دوكلات يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جەدۋەل مۇرەككەپلىكتىن ئاددىيلاشتۇرۇلدى ئاساسىي قاتلامنىڭ «يۈكى يېنىكلىتىلىپ، باغلاق بوشىتىلدى»

—— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركەزنىڭ «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش» مەخسۇس تۈر ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرغانلىقى توغرىسىدا ئۈنۈملۈك بايان

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

□ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي

«ئىلگىرى بىزنىڭ جەدۋەل تولدۇرۇشىمىزغا نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ۋاقىت كېتەتتى، بەزىدە يېرىم كېچە سائەت 3 - 2كىچە جەدۋەل ئىستاتىستىكا قىلاتتۇق.» يېقىندا، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ جاۋبىسەن يېزىسى شۋاڭخۇەن كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى لۇ جۈن مۇنداق دېدى: «ھازىر بىز جەدۋەل تولدۇرۇشقا زىيادە كۆپ زېھنىمىزنى سەرپ قىلمايدىغان بولدۇق، تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىمىزنى چىقىرىپ كونكرېت خىزمەتلەرنى تۇتالايدىغان بولدۇق، ئاما خىزمىتىمىزدىن تېخىمۇ رازى بولدى».

لۇ جۈن بىلەن خىزمەتداشلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى خىزمەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاپتونوم رايونىمىز قانات يايدۇرغان «ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش» مەخسۇس تۈر ئىسلاھاتىدىن بولغان.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مەركەزنىڭ «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» توغرىسىدىكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، «يىغىنىنى ئازايتىش، ھۆججەتنى ئازايتىش، نازارەتچىلىكنى ئازايتىش، ئىسنىلى ياخشىلاش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان «جەدۋەل كۆپ بولۇش» مەسىلىسىگە قارىتا قاراماي، سانجى، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق تۆت ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە ئاۋۋال نۇقتىدا سىناق قىلىپ، «ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش» مەخسۇس تۈر ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



چۆچەكتە قىشلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولماقتا

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، خىزمەتچى خادىم چۆچەك شەھىرىدىكى «تاچېڭ يوۋلى» ساياھەت ئېلېكترونلۇق سودا مەركىزىنىڭ بايراقدار دۇكىنىدا ساياھەتچىلەرگە سۈر گۆش، قېزا قاتارلىق قىشلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرماقتا. بۇ مەركەز 30دىن كۆپرەك كارخانىنى تورىدا، تور سىرتىدا سودا قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، تۈرلۈك ساياھەت مەھسۇلاتلىرىدىن 54 خىلنى ساتىدۇ.
□ ئۆز مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

# پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش پارتىيەۋىللىكنى كۈچەيتىش باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، پۇختىلاشقا تۈرتكە بولۇش

—— ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ئالىي مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئاچتى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان تارماقلار، ئورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىنى ئېچىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى نىزامنامىسى» «يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىرقانچە مىزان» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە سېلىشتۇرۇپ، پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، پارتىيە ئېڭى، پارتىيە ئەزاسلىق ئېڭى، ئىنتىزام ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سىياسىي مەنزىل، ئىدىيە مەنزىلى، ئەخلاق مەنزىلىنى يۈكسەلدۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، پۇختىلاشقا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)